# ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققۇچى تاكى جىھادتىن قايتىپ كەلگۈچە: بوشاشماي روزا تۇتۇپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن نامازغا تۇرىدىغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، ئاللاھنىڭ يولىدىكى جىھادقا قايسى ئەمەل تەڭ كېلەلەيدۇ؟» دەپ سورالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇنى قىلالمايسىلەر»دېدى، سورىغۇچىلار ئۇنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىمدا: «سىلەر قىلالمايسىلەر» دەپ جاۋاپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىن: «ئاللاھنىڭ يولىدا جىھادقا چىققۇچى تاكى جىھادتىن قايتىپ كەلگۈچە: بوشاشماي روزا تۇتۇپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن نامازغا تۇرغۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ» دېدى. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: بىر كىشى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، مىنى جىھادقا تەڭ كېلىدىغان بىر ئەمەلگە باشلىغىن» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تاپالمايمەن» دېدى، كېيىن: «مۇجاھىد جىھادقا چىقىپ كەتكەن چاغدا سەن مەسچىتكە كىرىپ توختىماي ناماز ئوقۇپ، بىر كۈنمۇ تاشلىماي روزا تۇتالامسەن؟» دېدى، ئۇ: «بۇنى كىم قىلالىسۇن؟» دېدى، دېيىلگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىس ئىككى يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىر ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەجىر-ساۋاپتا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانغا تەڭ كېلىدىغان تائەت-ئىبادەت، ياخشى ئەمەللەردىن بىرسى بارمۇ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى قىلالمايسىلەر»، يەنى: جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان ئەمەلنى ئادا قىلىشقا سىلەردە تاقەت يوق دېدى، ئۇلار سۇئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسىمۇ ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئۇنى قىلالمايسىلەر» دېدى، كېيىن ئۇلارغا قىلالمايدىغان شۇ ئىشنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ: بوشاشماي، ئۈزۈلمەي قويماي دائىم روزا تۇتۇش، نامازدا تۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئىدى، بۇ ئىش ئىنساننىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلىۋىدىلا ئۇلارغا: «بۇنى قىلالمايسىلەر» دېگەن ئىدى. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: ساھابىلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەجىر-ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىدا، قەدىر-قىممەتتە جىھادقا تەڭ كېلىدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بېرىشىنى سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تاپالمايمەن»، يەنى: «جىھادقا ئوخشايدىغان ياكى تەڭ دەرىجىدىكى ئەمەلنى تاپالمايمەن» دېدى. ئىككى سەھىھ كىتاپتا: «ئەتىسگەندە ياكى كەچ تەرەپتە ئاللاھ يولىدا چېقىش دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشى» دېيىلگەن.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىن: «مۇجاھىد چىققاندا مەسجىدىڭگە كىرىپ، بوشاشماي ناماز ئوقۇپ، ئۈزمەي روزا تۇتالامسەن»، يەنى: مۇجاھىد ئۆيىدىن ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقىدىغان ۋاقتىتىن باشلاپ مەسجىدىڭگە كىرىپ، دائىم ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرۇپ، توختىماي ناماز ئوقۇپ، ئۈزمەي روزا تۇتالامسەن؟، ئەگەر مۇشۇنداق قىلىش مۇمكىن بولسا مۇشۇ بىردىنبىر جىھادقا تەڭ تۇرىدىغان ئەمەل » دېدى، ئۇ ۋاقىتتا ھېلىقى كىشى: «بۇنى كىم قىلالىسۇن؟» دېدى، يەنى: «كىم توختىماي ناماز ئوقۇپ، ئۈزمەي روزا تۇتالىسۇن؟، بۇ ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ ئىقتىدارىدىن يۇقىرى ئىش» دېدى